(بېشى 6 ـ بەتتە)

47. 44 ـ ماددىسى 52 ـ ماددا قىلىنىپ، 1 ـ تارمىقى مۇنداق تۈزىتىلدى: «دائىمىي كومىتېتنىڭ ئىش ئاپپاراتى دائىمىي كومىتېتنىڭ يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزامنى تەكشۈرۈپ ئاۋازغا قويۇش توغرىسىدىكى قارارى ماقۇللانغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە، يوللىغۇچى ئورگانغا ئاۋازغا قويۇش نەتىجىسىنى يازما ئۇقتۇرۇش قىلىشى كېرەك.»

2 ـ تارمىقىدىكى «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى» دېگەن سۆز چىقىرىۋېتىلدى.

بىر تارماق قوشۇلۇپ، 3 ـ تارمىقى قىلىندى: «دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا تۈزىتىش پىكرى چۈشسە، يوللىغۇچى ئورگانغا تۈزىتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن ئېلان قىلىش تەكلىپى بېرىش كېرەك.»

48. 45 ـ ماددا چىقىرىۋېتىلدى.

49. 46 ـ ماددىنىڭ 1 ـ، 2 ـ تارمىقى قوشۇۋېتىلىپ، 46 ـ ماددىنىڭ 1 ـ تارمىقى قىلىنىپ، مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى رايون بار شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق ۋە ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىشى كېرەك.»

46 ـ ماددىنىڭ 3 ـ تارمىقى 2 ـ تارماق قىلىنىپ، مۇنداق تۈزىتىلدى: «رايون بار شەھەرلىك ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى، ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى (تۆۋەندە قىسقارتىپ يوللىغۇچى ئورگان دېيىلىدۇ) نىزام چىقىرىش يىرىك پىلانى ۋە يىللىق نىزام چىقىرىش پىلانىنى تۈزۈپ ياكى تەڭشەپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى ئاپپاراتىغا يوللاپ پىكىر ئېلىشى كېرەك.»

50. بىر ماددا قوشۇلۇپ، 47 ـ ماددا قىلىندى: «يوللىغۇچى ئورگان تەستىقلاشقا سۇنۇلىدىغان يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزامنى قاراپ چىقىپ ئاۋازغا قويۇشتىن 2 ئاي بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى ئاپپاراتىغا يوللىشى، قانۇنچىلىق خىزمىتى ئاپپاراتى پىكىرنى ۋاقتىدا قايتما ئىنكاس قىلىشى كېرەك.»

51. 48 ـ ماددىسى 54 ـ ماددا قىلىنىپ، مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا سۇنۇلىدىغان يەرلىك نىزام تەكلىپى نۇسخىسى ۋە ئۇنىڭ ئىزاھاتىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى، ئىزاھات شۇ نىزامنى چىقىرىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، مۇمكىنلىكى، تەييارلاش جەريانى، ئاساسلىق مەزمۇنى شۇنىڭدەك ئېغىر، زور ئىختىلاپ بار پىكىرنى ماسلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. تۈزىتىش كىرگۈزۈلىدىغان نىزام بولسا، تۈزىتىش كىرگۈزۈشتىن بۇرۇنقى ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى سېلىشتۇرما نۇسخىسىنىمۇ تاپشۇرۇش كېرەك.»

52. بىر ماددا قوشۇلۇپ، 55 ـ ماددا قىلىندى: «نىزام لايىھەسىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار باشقا يەرلىك نىزامدىكى بەلگىلىمە بىلەن بىردەك بولمىسا، تەكلىپ بەرگۈچى ئىزاھات بېرىشى ياكى بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك، زۆرۈر تېپىلغاندا، باشقا يەرلىك نىزامغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ياكى ئۇنى بىكار قىلىش تەكلىپىنى بىرلا ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. مەخسۇس كومىتېت قاراپ چىققاندا، بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك.»

53. 51 ـ ماددىسى 58 ـ ماددا قىلىنىپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئاۋازغا قويۇلىدىغان نىزام تەكلىپى» دېگەن مەزمۇن «ئاۋازغا قويۇلىدىغان يەرلىك نىزام تەكلىپى، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزام تەكلىپى ۋە ئۇنى ئىزاھلاش تەكلىپى» دەپ تۈزىتىلدى، «قارار» دېگەن سۆز «قارار لايىھەسى» دەپ تۈزىتىلدى.

54. 52 ـ ماددىسى 59 ـ ماددا قىلىنىپ، 2 ـ تارمىقى مۇنداق تۈزىتىلدى: «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزامنى ماقۇللانغان ياكى تەستىقلاش قارارى تاپشۇرۇۋېلىنغان كۈندىن باشلاپ 7 كۈن ئىچىدە «شىنجاڭ گېزىتى»دە، شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى تورىدا تولۇق تېكىستى بىلەن چىقىرىش ھەمدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاخباراتى»غا ۋاقتىدا بېسىش كېرەك. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاخباراتى»دا ئېلان قىلىنغان نۇسخىسى ئۆلچەملىك نۇسخا بولىدۇ.»

55. 53 ـ ماددىسى 60 ـ ماددا قىلىنىپ، مۇنداق تۈزىتىلدى: «يەرلىك نىزامدا مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەخسۇس ئىشلار توغرىسىدا يانداش كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىدىغانلىقى ئېنىق تەلەپ قىلىنغان بولسا، مۇناسىۋەتلىك دۆلەت ئورگانلىرى نىزام يولغا قويۇلغان كۈندىن باشلاپ بىر يىل ئىچىدە بەلگىلىمە چىقىرىشى كېرەك، بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە بەلگىلىمە چىقارمىغان بولسا، دائىمىي كومىتېتقا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك.»

56. 55 ـ ماددىسى 62 ـ ماددا قىلىنىپ، 2 ـ، 3 ـ تارمىقى چىقىرىۋېتىلدى.

57. 56 ـ ماددا چىقىرىۋېتىلدى.

58. 58 ـ ماددىسى 64 ـ ماددا قىلىنىپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى «قائىدە» دېگەن سۆز چىقىرىۋېتىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەسلىي نىزام ئەدەبىي جەھەتتىن قىسمەن تۈزىتىلدى ۋە ماددىلىرىنىڭ تەرتىپى مۇناسىپ تۈزىتىلدى ۋە تەڭشەلدى.

بۇ قارار ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش نىزامى» مۇشۇ قارارغا ئاساسەن مۇناسىپ تۈزىتىلگەندىن كېيىن، قايتا ئېلان قىلىنىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش نىزامى

(2003 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنىدا ماقۇللانغان، 2016 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش نىزامى›غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى»غا ئاساسەن تۈزىتىلگەن، 2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 14 ـ يىغىنىنىڭ «‹شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش نىزامى›غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى»غا ئاساسەن تۈزىتىلدى)

## مۇندەرىجە


1 ـ باب ئومۇمىي پرىنسىپ
2 ـ باب نىزام چىقىرىش يىرىك پىلانى ۋە نىزام چىقىرىش پىلانى
3 ـ باب نىزام چىقىرىش ھوقۇق دائىرىسى
4 ـ باب ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نىزام چىقىرىش تەرتىپى
5 ـ باب ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش تەرتىپى
6 ـ باب يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزامنى ئىزاھلاش
7 ـ باب يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزامنى تەستىقلاش تەرتىپى
8 ـ باب باشقا بەلگىلىمىلەر
9 ـ باب قوشۇمچە پرىنسىپ


## 1 ـ باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1 ـ ماددا** بۇ نىزام يەرلىك نىزام چىقىرىش پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، يەرلىك نىزام چىقىرىش تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، يەرلىك نىزامنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، نىزامنىڭ يېتەكچىلىك ۋە تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن چىقىرىش قانۇنى» ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ چىقىرىلدى.

**2 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملارنى چىقىرىش، تۈزىتىش، ئىزاھلاش، بىكار قىلىشتا، نىزام چىقىرىش يىرىك پىلانىنى تۈزۈش، يىللىق نىزام چىقىرىش پىلانىنى تەييارلاشتا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى (تۆۋەندە قىسقارتىپ دائىمىي كومىتېت دېيىلىدۇ) يەرلىك نىزام، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزاملارنى تەستىقلاشتا مۇشۇ نىزام تەتبىقلىنىدۇ.

**3 ـ ماددا** يەرلىك نىزام چىقىرىشتا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، قانۇن چىقىرىش قانۇنىدا بېكىتىلگەن ئاساسىي پرىنسىپقا ئەمەل قىلىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ بىرلىكى ۋە نوپۇزىنى ساقلاپ، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى سىڭدۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يەرلىك نىزام چىقىرىشتا، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، قوللىنىشچان قىلىپ، يەرلىك قورۇقچىلىق ۋە تارماق مەنپەئەتى خاھىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

**4 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى نىزام چىقىرىش خىزمىتىدە پارتىيە رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلق قۇرۇلتىيى يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت تايانچ بولىدىغان، ھەرقايسى تەرەپلەر قاتنىشىدىغان نىزام چىقىرىش خىزمىتى ئەندىزىسىدە چىڭ تۇرۇپ، نىزام چىقىرىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نىزام چىقىرىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، نىزامنى ئىلمىي چىقىرىش، نىزامنى دېموكراتىك چىقىرىش، نىزامنى قانۇن بويىچە چىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

## 2 ـ باب نىزام چىقىرىش يىرىك پىلانى ۋە نىزام چىقىرىش پىلانى

**5 ـ ماددا** دائىمىي كومىتېت شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ كونكرېت ئەھۋالى ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ، يەرلىك نىزام چىقىرىش يىرىك پىلانى ۋە يىللىق نىزام چىقىرىش پىلانىنى تۈزۈشكە مەسئۇل بولىدۇ. نىزام چىقىرىش يىرىك پىلانى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بىلەن تەڭ قەدەممە ماڭىدۇ.

**6 ـ ماددا** نىزام چىقىرىش يىرىك پىلانى لايىھەسىنى تۈزۈشتە، نىزام چىقىرىش تۈرى ھەققىدىكى تەكلىپلەرنى كەڭ كۆلەمدە توپلاش كېرەك.

پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلار دائىمىي كومىتېتقا يەرلىك نىزام چىقىرىش تەكلىپى بەرسە بولىدۇ. يەرلىك نىزام چىقىرىش تەكلىپى بەرگەندە سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك.

**7 ـ ماددا** نىزام چىقىرىش يىرىك پىلانى لايىھەسىنى تۈزۈشتە ۋە يىللىق نىزام چىقىرىش پىلانى لايىھەسىنى تەييارلاشتا، توپلانغان نىزام چىقىرىش تەكلىپى تۈرىنى، ۋەكىللەرنىڭ نىزام چىقىرىش تەكلىپىنى مۇھاكىمە قىلىش ھەمدە ئۇنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن چىقىرىش يىرىك پىلانى، قانۇن چىقىرىش پىلانى، شۇنىڭدەك گوۋۇيۈەننىڭ نىزام چىقىرىش پىلانى، نىزام چىقىرىش سۈرئىتى بىلەن جىپسلاشتۇرۇش كېرەك.

**8 ـ ماددا** نىزام چىقىرىش يىرىك پىلانى ۋە يىللىق نىزام چىقىرىش پىلانى لايىھەسىنى دائىمىي كومىتېتنىڭ قانۇنچىلىق خىزمىتى ئاپپاراتى مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇپ، نىزام چىقىرىش يىرىك پىلانى ۋە يىللىق نىزام چىقىرىش پىلانىنى شەكىللەندۈرۈپ، تەرتىپ بويىچە يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن جەمئىيەتكە ئېلان قىلىدۇ.

**9 ـ ماددا** نىزام چىقىرىش يىرىك پىلانى ۋە يىللىق نىزام چىقىرىش پىلانىنى دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇناسىۋەتلىك خىزمەت ئاپپاراتى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئەدلىيە مەمۇرىي تارمىقى مەسئۇلىيىتى بويىچە، بىرلىكتە تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەخسۇس كومىتېتلىرى مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە تەشكىللەپ يولغا قويىدۇ.

## 3 ـ باب نىزام چىقىرىش ھوقۇق دائىرىسى

**10 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي رايون ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزام چىقىرىشقا ھوقۇقلۇق، ئۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا تەستىقلىتىلغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

**11 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى قانۇن چىقىرىش قانۇنى قاتارلىق قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە، تۆۋەندىكى ئىشلاردا يەرلىك نىزام چىقارسا بولىدۇ:

(1) قانۇن، مەمۇرىي نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىش مەقسىتىدە، شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىشقا تېگىشلىك ئىشلار؛

(2) دۆلەتنىڭ مەخسۇس قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى دائىرىسىگە كىرمەيدىغان، قانۇن، مەمۇرىي نىزام چىقىرىلمىغان ئىشلار؛

(3) يەرلىككە تەۋە ئىشلاردىن يەرلىك نىزام چىقىرىشقا تېگىشلىك بولغانلىرى؛

(4) قانۇندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ياكى دائىمىي كومىتېتنىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن ئىشلار؛

(5) يەرلىك نىزام چىقىرىشقا تېگىشلىك باشقا ئىشلار.

قانۇندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يەرلىك نىزام چىقىرىشى كېرەك دەپ بەلگىلەنگەن ئىشلاردا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىغا چېتىلىدىغان ئىشلار ۋە شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ پەۋقۇلئاددە مۇھىم، زور ئىشلىرىدا، شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ئۆزى يەرلىك نىزام چىقىرىش كېرەك دەپ قارىغان ئىشلاردا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يەرلىك نىزام چىقىرىشى كېرەك.

يەرلىك نىزام چىقىرىشتا، ئۈستۈن قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنگەن مەزمۇنلار توغرىسىدا ئادەتتە تەكرار بەلگىلىمە چىقىرىلمايدۇ.

**12 ـ ماددا** دائىمىي كومىتېت ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى چىقارغان يەرلىك نىزاملارنى قىسمەن تولۇقلىسا، تۈزەتسە بولىدۇ، لېكىن ئۇ شۇ نىزامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا زىت كەلسە بولمايدۇ.

## 4 ـ باب ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نىزام چىقىرىش تەرتىپى

**13 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياستى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا يەرلىك نىزام تەكلىپى بەرسە بولىدۇ، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى قاراپ چىقىدۇ.

دائىمىي كومىتېت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەخسۇس كومىتېتلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا يەرلىك نىزام تەكلىپى قويسا بولىدۇ، ئۇنى يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈشنى ھەيئەت رىياسەت قارار قىلىدۇ.

**14 ـ ماددا** 10 دىن ئارتۇق ۋەكىل بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا يەرلىك نىزام تەكلىپى بەرسە بولىدۇ، ھەيئەت رىياسەت ئۇنى يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈش ـ كىرگۈزمەسلىكنى قارار قىلىدۇ ياكى ئاۋۋال مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس كومىتېتنىڭ قاراپ چىقىپ يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈش ـ كىرگۈزمەسلىك ھەققىدە پىكىر قويۇشىغا تاپشۇرىدۇ، ئاندىن ھەيئەت رىياسەت ئۇنى يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈش ـ كىرگۈزمەسلىكنى قارار قىلىدۇ.

مەخسۇس كومىتېت نىزام تەكلىپىنى قاراپ چىققاندا، تەكلىپ بەرگۈچىنى يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىپ پىكىر بايان قىلىشقا تەكلىپ قىلسا بولىدۇ.

**15 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا سۇنۇلىدىغان يەرلىك نىزام تەكلىپى ۋە ئاپتونومىيە نىزامى، يەككە نىزام تەكلىپى ئاۋۋال دائىمىي كومىتېتقا بېرىلسە بولىدۇ، دائىمىي كومىتېت ئۇنى مۇشۇ نىزامنىڭ 5 ـ بابىدا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە قاراپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇشنى قارار قىلغانلىرى توغرىسىدا دائىمىي كومىتېت ياكى تەكلىپ بەرگۈچى قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىغا ئىزاھات بېرىدۇ.

دائىمىي كومىتېت ئالدىنقى تارماقتىكى بەلگىلىمە بويىچە نىزام تەكلىپىنى قاراپ چىقىشتا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن كۆپ خىل شەكىلدە پىكىر ئېلىشى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئىنكاس قىلىشى كېرەك؛ مەخسۇس كومىتېت ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت ئاپپاراتى نىزام چىقىرىش بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇرسا بولىدۇ.

**16 ـ ماددا** دائىمىي كومىتېتنىڭ قارار قىلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان يەرلىك نىزام تەكلىپىنى يىغىن ئېچىلىشتىن 1 ئاي بۇرۇن ۋەكىللەرگە تارقىتىپ بېرىش كېرەك.

**17 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن يەرلىك نىزام تەكلىپىنى قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىدا تەكلىپ بەرگۈچىنىڭ ئىزاھاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن، ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى قاراپ چىقىدۇ.

**18 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن يەرلىك نىزام تەكلىپىنى مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس كومىتېت قاراپ چىقىپ، ھەيئەت رىياسەتكە قاراپ چىقىش پىكرى بېرىدۇ ھەمدە ئۇ يىغىنغا بېسىپ تارقىتىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى قانۇنچىلىق كومىتېتى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس كومىتېتنىڭ قاراپ چىقىش پىكرىگە ئاساسەن، يەرلىك نىزام تەكلىپىنى بىرتۇتاش قاراپ چىقىپ، ھەيئەت رىياسەتكە قاراپ چىقىش نەتىجىسى ھەققىدە دوكلات بېرىدۇ ۋە نىزام لايىھەسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ھەيئەت رىياسەت قاراپ چىقىپ ماقۇللىغاندىن كېيىن، ئۇ يىغىنغا بېسىپ تارقىتىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مۇھىم پىكىرلەر ھەققىدە قاراپ چىقىش نەتىجىسى توغرىسىدىكى دوكلاتتا ئىزاھات بېرىش كېرەك.

**19 ـ ماددا** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن يەرلىك نىزام تەكلىپى توغرىسىدا، زۆرۈر تېپىلغاندا، ھەيئەت رىياسەتنىڭ دائىمىي رەئىسى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ باشلىقلىرى يىغىنىنى چاقىرىپ، يەرلىك نىزام تەكلىپىدىكى مۇھىم، زور مەسىلىلەر ئۈستىدە ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ قاراپ چىقىش پىكرىنى ئاڭلىسا بولىدۇ، يەرلىك نىزام تەكلىپىدىكى مۇھىم، زور مەخسۇس مەسىلىلەر ئۈستىدە ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى كۆرسەتكەن مۇناسىۋەتلىك ۋەكىللەرنى يىغىپ مۇزاكىرە قىلىسىمۇ بولىدۇ ھەمدە مۇزاكىرە ئەھۋالى ۋە مۇزاكىرىدە چۈشكەن پىكىرلەرنى ھەيئەت رىياسەتكە دوكلات قىلىدۇ.

**20 ـ ماددا** يەرلىك نىزام تەكلىپىنى قاراپ چىقىشتا مۇھىم، زور مەسىلە بولۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كەلسە، ھەيئەت رىياسەتنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇشى، قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارار قىلىشى بىلەن، دائىمىي كومىتېتقا ۋەكىللەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قاراپ چىقىپ قارار قىلىش ھەمدە قارار قىلىش ئەھۋالىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كېيىنكى قېتىملىق يىغىنىغا دوكلات قىلىش ھوقۇقى بېرىلسە بولىدۇ؛ دائىمىي كومىتېتقا ۋەكىللەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قاراپ چىقىپ، تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ كېيىنكى قېتىملىق يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىپ قارار قىلىشىغا سۇنۇش ھوقۇقى بېرىلسىمۇ بولىدۇ.

**21 ـ ماددا** يەرلىك نىزام لايىھەسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسىنى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى قاراپ چىققاندىن كېيىن، قانۇنچىلىق كومىتېتى ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ قاراپ چىقىش پىكرىگە ئاساسەن تۈزىتىپ، يەرلىك نىزام لايىھەسىنىڭ ئاۋازغا قويۇلىدىغان نۇسخىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۇنى ھەيئەت رىياسەت قۇرۇلتاي ئومۇمىي يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇشقا سۇنىدۇ.

**22 ـ ماددا** ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە يەككە نىزام لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، قاراپ چىقىش، ئاۋازغا قويۇش تەرتىپى، شۇنىڭدەك باشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار مۇشۇ بابتىكى ۋە 8 ـ بابتىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

## 5 ـ باب ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ نىزام چىقىرىش تەرتىپى

**23 ـ ماددا** دائىمىي كومىتېت مۇدىرلار يىغىنى دائىمىي كومىتېتقا يەرلىك نىزام تەكلىپى بەرسە بولىدۇ، ئۇنى دائىمىي كومىتېت يىغىنى قاراپ چىقىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مەخسۇس كومىتېتلىرى دائىمىي كومىتېتقا يەرلىك نىزام تەكلىپى بەرسە بولىدۇ، دائىمىي كومىتېت مۇدىرلار يىغىنى ئۇنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈشنى قارار قىلىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي كومىتېتقا يەرلىك نىزام تەكلىپى بەرسە بولىدۇ، مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس كومىتېت قاراپ چىقىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قارار قىلىشى بىلەن، ئۇ دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈلىدۇ. مۇدىرلار يىغىنى يەرلىك نىزام لايىھەسىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم، زور مەسىلە بار دەپ قارىسا، تەكلىپ بەرگۈچىگە تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرگەندىن كېيىن دائىمىي كومىتېتقا قايتا سۇنۇش ھەققىدە تەكلىپ بەرسە بولىدۇ.

دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەردىن 5 تىن ئارتۇق كىشى بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ، دائىمىي كومىتېتقا يەرلىك نىزام تەكلىپى بەرسە بولىدۇ، دائىمىي كومىتېت مۇدىرلار يىغىنى ئۇنى دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈش ـ كىرگۈزمەسلىكنى قارار قىلىدۇ ياكى ئاۋۋال مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس كومىتېتقا ۋە ياكى دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇناسىۋەتلىك خىزمەت ئاپپاراتىغا مۇھاكىمە قىلىپ يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈش ـ كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا پىكىر بېرىشنى تاپشۇرىدۇ، ئاندىن يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈش ـ كىرگۈزمەسلىكنى قارار قىلىدۇ؛ يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈلمەيدىغان بولسا، دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا دوكلات قىلىش ھەمدە تەكلىپ بەرگۈچىگە چۈشەندۈرۈشى كېرەك.

**24 ـ ماددا** مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس كومىتېت يەرلىك نىزام تەكلىپىنى قاراپ چىقىشتا، ئۇنىڭ زۆرۈرلۈكى، قانۇنلۇقلۇقى، مۇمكىنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى قاراپ چىقىشى كېرەك.

يەرلىك نىزام تەكلىپى مۇدىرلار يىغىنىنىڭ قارار قىلىشى بىلەن دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن بولسا، مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس كومىتېتنىڭ قاراپ چىقىش پىكرى دائىمىي كومىتېت يىغىنىغا بېسىپ تارقىتىلىدۇ.

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە)